# يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىن ئىبارەت قوش غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«كۆك ـ تاق» مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاھالىلەرنى كۆكتات، گۆش، تۇخۇم، سۈت، ئاشلىق قاتارلىق زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن تەمىنلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۈكنى يېنىكلىتىش، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىشنى تەڭ قوللىنىپ، كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىش كېرەك؛ سەھىيە، يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش، مەھەللە مۇلازىمىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاشنى تېزلىتىپ، ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە پىسخىك جەھەتتىن يېتەكلەشنى چوڭقۇر، ئىنچىكە، ياخشى ئىشلەپ، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى زىيارەت قىلىش، يوقلاش ۋە زۆرۈر ياردەم بېرىشنى كۈچەيتىپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئامما ئالدىراۋاتقان، ئەندىشە قىلىۋاتقان، ئويلاۋاتقان، ئارزۇ قىلىۋاتقانلارنى ھەقىقىي ياخشى ھەل قىلىش كېرەك.

بەشىنچى، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىپ، ھوشيارلىقنى ھەر ۋاقىت ساقلاپ، قىلچە بوشاشماي مۇقىملىقنى قوغداشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇپ، ئۈنۈملۈك بولغان مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرلىرىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، جەمئىيەت دائىرىسىدىكى باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، زىددىيەت، تالاش ـ تارتىشلارنى مەنبەدىن ئالدىنى ئېلىش، رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش ـ سىگنال بېرىش، كۆپ مەنبەلىك ھەل قىلىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كىشىلەر قەلبىنى ئەڭ زور چەكتە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، مۇجەسسەملەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت ھازىرلاش كېرەك.

ئالتىنچى، ئىستىلنى ياخشىلاشنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. پۈتۈن شىنجاڭ بىر تاختا شاھمات، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك بىر تاختا شاھمات بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۇەن، خەلق ماسلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىپ، قەتئىي تۈردە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇشتىن ئىبارەت مۇھىم، زور سىياسىي مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، چىڭ تۇتۇپ، ھەرىكەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ۋە كەڭ پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە بايرىقىنى بىرىنچى سەپتە ئېگىز جەۋلان قىلدۇرۇش كېرەك. كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار ئەسلىي مەقسەتنى ھەرىكەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بۇرچنى زىممىسىگە ئېلىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئاۋانگارتلاردىن بولۇپ، سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىشقا جۈرئەت قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن زىممىسىگە ئېلىپ، پائال نەتىجە يارىتىپ، ئاممىنىڭ تايانچىسى، سىرداشى بولۇشى كېرەك؛ كەسپىي ئىقتىدارى ۋە ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈش جەريانىدا مەسىلىلەرنى بايقاپ، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى كېرەك؛ خىزمەتلەرنى ئىنچىكىلەشتۈرۈش سەۋىيەسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، كەشتە تىكىش ماھارىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، ئىشقىچە، ئادەمگىچە دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ پۇختا ئەمەلىيلىشىشى، ئىنچىكە ئەمەلىيلىشىشى، جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، ليۇ ۋەنلۇڭ، لى ۋېي، شۈ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«تەدبىر»دە مۇنداق تەلەپ قىلىندى: دۆلەت بېسىپ تارقاتقان «كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىر كۆرسەتمىسى» ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك تەلەپلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتتە، رايونغا ئايرىش، ساھەگە ئايرىش، ۋاقىت بۆلۈككە ئايرىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئەتراپلىق، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىش، ھەم ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن كارخانىلارنىڭ ئىشچى ئىشلىتىش تەشكىلىي كاپالىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇھىم ئامىلى كاپالىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

«تەدبىر»دە يەنە ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنى مالىيە، پۇل مۇئامىلە جەھەتتە يۆلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ تىجارەت يۈكىنى يېنىكلىتىش، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارغا سىياسەت مۇلازىمىتىنى ئەلالاشتۇرۇش توغرىسىدا كونكرېت تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش خاراكتېرى، ئۆتكۈنچى خاراكتېرلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز نەق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم تارقىتىشنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى قۇتقۇزدى، ياردەم بەردى. ھازىرغا قەدەر، جەمئىي 61 مىليون يۈەندىن ئارتۇق قىممەتتىكى قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش مەبلىغى ۋە ماددىي بۇيۇم تارقاتتى.

ئاپتونوم رايون يەنە تارقاق بېقىلىۋاتقان ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ياشانغانلار، ئۆيدە تۇرۇۋاتقان قىيىنچىلىقى بار ياشانغانلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مۇلازىمىتى، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى تېببىي خادىملارنىڭ ياشانغان تۇغقانلىرىغا كۆيۈنۈش مۇلازىمىتىنى، ھەمدە يۇقۇمنىڭ تەسىرىدىن قارىغۇچىسىز قالغان بالىلارغا كۆيۈنۈش، ئۇلارنى قوغداش، سەرگەردان تىلەمچىلەرنى چارلاپ تەكشۈرۈش، قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش قاتارلىقلارنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ياردەم بېرىشكە تېگىشلىكلەرگە تولۇق ياردەم بېرىش، قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىكلەرنى تولۇق قۇتقۇزۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇردى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تاللىغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.» شىنجاڭنىڭ 1 ـ تۈركۈمدىكى خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن يېتەكچىسى، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى 5 ـ دوختۇرخانا پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، دوختۇرخانا باشلىقى دۇڭ شۈنەن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ 13 يولداش يۇقۇمدىن ئىبارەت بۇ چوڭ سىناق ئالدىدا، تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەڭگە بېرىشنى تەلەپ قىلدى، ئىپادىسى گەۋدىلىك بولدى، شۇنداقلا پارتىيە تەشكىلاتىغا پائال يېقىنلاشتى، داۋالاش ئەترىتى ۋاقىتلىق پارتىيە تەشكىلاتى تەتقىق قىلغان ھەم يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىغا يوللاپ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، بۇ 13 يولداشنى كاندىدات پارتىيە ئەزالىققا قوبۇل قىلىشنى قارار قىلدى.

1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى ئالتە دوختۇرخانىنىڭ تېببىي خادىملىرىدىن تەشكىللەنگەن شىنجاڭنىڭ 1 ـ تۈركۈمدىكى خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتى يېڭى تېپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئېغىر ئاغرىقى، خەتەرلىك ئېغىر ئاغرىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ داۋالايدىغان ۋۇخەن داشۆسى خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ شەرقىي دوختۇرخانىسىغا يېتىپ كەلدى. پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، داۋالاش ئەترىتى دەرھال ۋاقىتلىق پارتىيە ياچېيكىسى تەسىس قىلىپ، پارتىيە گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى.

دۇڭ شۈنەننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، 142 ئەترەت ئەزاسى ۋۇخەن داشۆسى خەلق دوختۇرخانىسى شەرقىي دوختۇرخانىسىدىكى تېببىي خادىملار بىلەن بىللە يەتتە ئېغىر ئاغرىقلار رايونى ۋە ئىككى خەتەرلىك ئېغىر ئاغرىقلارنى كۆزىتىش ئۆيىنىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، يۇقۇملۇقلۇقى تېخىمۇ كۈچلۈك، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش تېخىمۇ مۇرەككەپ خەتەرلىك ئېغىر ئاغرىقلارغا دۇچ كەلگەندە، كوممۇنىستلىك پارتىيە ئەزالىرى باشتىن ـ ئاخىر ئاۋۋال ئاتاكىغا ئۆتۈپ، ئېغىر مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئاپتۇ.

ئۇرۇش سېپىدە پارتىيەگە كىرگەن شيا يىڭ شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانىدا ICU 2 ـ كېسەل رايونىنىڭ سېستراسى بولۇپ، ئېغىر ئاغرىقلارنى پەرۋىش قىلىشتا مول تەجرىبىسى بار ئىدى، ئۇ ئۆز گۇرۇپپىسىدىكى باشقا سېستىرالارنى ئېلېكتروكاردىئوگرافىك كۆزەتكۈچ، نەپەسلەندۈرۈش ئاپپاراتى قاتارلىق ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى پىششىق ئۆگىنىشكە يېتەكلەپ، ئۇلارغا بەلغەم سۈمۈرۈش، قان ئېلىش قاتارلىق ئېغىر ئاغرىقلارنى پەرۋىش قىلىشتىكى تەپسىلىي مەشغۇلاتلارنى قولمۇقول ئۆگەتتى. «بىر تېببىي خادىم بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇ پەۋقۇلئاددە مەزگىلدە، مەن ئۇزاقتىن بۇيان ئىنتىزار بولغان ئارزۇيۇم ــ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرىشنى ئىشقا ئاشۇردۇم. بۇ، ماڭا غايەت زور جاسارەت بېغىشلاپ، مېنىڭ پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىمنى تولۇق ئادا قىلىش ئەقىدەمنى تېخىمۇ چىڭىتتى!» دېدى شيا يىڭ ھاياجانلانغان ھالدا.

شىنجاڭدىن خۇبېيغا ياردەم بېرىشكە بارغان داۋالاش ئەترەتلىرىنىڭ باش يېتەكچىسى ساۋ يۈجىڭ مۇنداق دېدى: بۇ مەيدان ئىس ـ تۈتەكسىز جەڭدە، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولى غايەت زور چاقىرىق كۈچىنى بارلىققا كەلتۈردى، «بىز داۋاملىق ياش ئەترەت ئەزالىرىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جېڭىنىڭ بىرىنچى سېپىدە تەربىيەنى قوبۇل قىلىشىغا، سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ، پارتىيە بايرىقىنى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جېڭىنىڭ بىرىنچى سېپىدە جەۋلان قىلدۇرىمىز».

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

گەرچە تەربىيەنى تاماملىغىلى بىر يىلغا يېقىن بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئابلەت ئەينى چاغدىكى مەنزىرىنى ھېلىھەم ئۇنتۇمىغانىدى. ياڭاقتىن ياڭاق مېغىزىنىچە، يەنە ھەر خىل ياڭاق مەھسۇلاتلىرىنىچە، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى ئوقۇتقۇچىلار دەرسخانىدا سۆزلىگەن مەزمۇنلار ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۇ زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىپ، پۈتۈن يۈرۈشلۈك ياڭاق مېغىزى پىششىقلاش ئۈسكۈنىسى سېتىۋالدى.

مۇخبىر زاۋۇت ئۆيىدە ھەم پېچەتلەنگەن يەشىك ـ يەشىك ياڭاق مېغىزىنىڭ توشۇلۇش ئالدىدا تۇرغانلىقىغا دىققەت قىلدى، قېپقىزىل سوۋغاتلىق ئورالمىلار ئالاھىدە دىققەت قوزغايتتى. «بۇلارنىڭ ھەممىسىنى خېرىدارلار ئالدىن زاكاز قىلغان، لېكىن بۇ ئېھتىياجدىكى زاكاز مىقدارىدىن خېلىلا ئاز.» ئابلەت مۇنداق دېدى: يېقىنقى كۈنلەردە ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەپ سۈرئەتنى تېزلىتىۋاتىمىز.

زاكاز مىقدارى كۆپ بولغاچقا، تەمىنلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ. بۇنداق مەنزىرىنى ئابلەت بىر يىل ئىلگىرى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. «ئەينى چاغدا سودا قىلىشتا ئىنتايىن ئىككىلىنەتتىم، ياڭاق يىغىش، ياڭاق سېتىشنىڭ ھەممىسىدە ئوبيېكتنى تاللايتتىم.» ئابلەت مۇنداق دېدى: كېيىن سودىنىمۇ داۋاملاشتۇرالمىدىم.

2013 ـ يىلى، ئابلەت ئاغىنىسىگە ئەگىشىپ بىر قېتىملىق قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتكە قاتناشقان. «ھەقىقىي مۇسۇلمان باشقا مىللەت ئىشلەپچىقارغان يېمەكلىكنى يېيىشكە بولمايدۇ، باشقا مىللەت بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىشقا بولمايدۇ، بولمىسا ئۆلگەندىن كېيىن دوزاخقا كىرىدۇ.» بىرىنچى قېتىم مۇشۇنداق بىمەنە سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئابلەت ئىنچە پەرۋا قىلىپ كەتمىدى. ئۇ ياڭاق يىغىۋالغىلى بارغاندا، بەزى كەنت ئاھالىلىرى ئۇنى ئەيىبلىدى، ھەتتا بەزىلىرى ئۇنى يۈزىدىن يۈزىگە «خەنزۇلار بىلەن سودا قىلغانلار ‹كاپىر› بولىدۇ» دەپ تىللىدى.

ئاستا ـ ئاستا ئابلەتنىڭ ئىدىيەسىدە تەۋرىنىش بولۇشقا باشلىدى. مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئاغىنىسى ئۇنى يەنە ئىزدەپ كېلىپ، ئۇنى باشلاپ قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتكە قاتناشتى، بۇ ئىش قايتا ـ قايتا تەكرارلاندى، ئابلەتمۇ ئۆزگەردى. ئۇ خوتۇنىنى نىقابلىق كىيىم كىيىشكە مەجبۇرلىدى، خوتۇنىنى سىرتقا چىقارمىدى، ھەم ئەتراپىدىكىلەرگە بۇ سەپسەتىلەرنى ھە دەپ تارقاتتى.

ئۇنىڭ بىر قىسىم خەنزۇ خېرىدارلىرى بار ئىدى، ئۇ بۇ خېرىدارلارنىڭ تېلېفونىنى بىۋاسىتە قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈۋەتتى. سىرتتا مودا كىيىنگەن قىزلارنى كۆرسە، ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايتتى. كەنت كادىرلىرى ئۇنىڭ بىنورمال قىلمىشىنى بايقىغاندىن كېيىن، كۆپ قېتىم نەسىھەت قىلدى، ئابلەت خوتەن ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ تەربىيەلىنىشكە قاتنىشىشقا قوشۇلدى.

**تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىپ، يېڭى كىشىلىك تۇرمۇشنى باشلاش**

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە كېلىپ، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى، كەسپىي ماھارەت قاتارلىقلارنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئابلەت سەگەكلىك بىلەن ئۆزىنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

ئابلەت مۇنداق دېدى: «ئاشۇ كىشىلەر ‹دىن› نامىدا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى تەرغىب قىلدى، مەن ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتكىلى تاس قاپتىمەن، ھېلىمۇ ياخشى ۋاقتىدا تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە كەپتىمەن.» ئۇ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىپ، يېڭى كىشىلىك تۇرمۇشنى باشلىدى.

مۇخبىر پىششىقلاش زاۋۇتىدا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئوخشاش فورما كىيىپلا قالماي، يەنە ماسكا تاقىۋالغانلىقىغىمۇ دىققەت قىلدى. كۆپچىلىكنىڭ خىزمەت ئاكتىپلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ياڭاق تاللاش، ياڭاق چېقىش، ياڭاق مېغىزى ئىلغاش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتاتتى، ئالدىراش بولسىمۇ، تەرتىپلىك ئىدى. «ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە قارىتا نەتىجە ـ ئۈنۈمنى باھالاش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ھەق ئالىدۇ» دېدى ئابلەت.

«بۇ خىل نەتىجە ـ ئۈنۈمنى باھالاپ باشقۇرۇش چارىسىنىمۇ مەن تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ئۆگەنگەن. مەن يەنە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۈچۈن يىل ئاخىرىدىكى پاراۋانلىقنى تەييارلاپ قويدۇم، بۇ ئارقىلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ شىركەتنى ئېتىراپ قىلىش تۇيغۇسىنى كۈچەيتمەكچى» دېدى ئابلەت ئىنتايىن پەخىرلەنگەن ھالدا.

پىششىقلاش زاۋۇتىدا ھازىر 80 ئىشچى ـ خىزمەتچى بار بولۇپ، مۇخبىر زىيارەت قىلغان كۈنى نۇرغۇن ئىشچى ـ خىزمەتچى رۇخسەت سوراپ سالامەتلىكنى تەكشۈرتكىلى كەتكەن ئىكەن.

بۇلتۇر ئابلەت 2000 توننا ياڭاق سېتىۋالدى، لېكىن شۇنچە چوڭ زاۋۇت ئۆيىدە ياڭاقنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى، ئۇ سىرلىقلاشتۇرۇپ مۇخبىرنى باشلاپ ياڭاق ئىزدىدى. بىر نەچچە قەدەم ماڭمايلا ئابلەت بىر دەرۋازىنى ئاچتى، خالتىغا قاچىلانغان ياڭاقلار تۆكۈلۈپ چۈشىدىغاندەكلا قىلاتتى. «بۇ يېڭىلا ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن سوغۇق ساقلاش ئىسكىلاتى، يەرلىك ھۆكۈمەت ماڭا مەبلەغ ياردەم قىلىپ سېلىپ بەرگەن.» ئابلەتنىڭ سۆزلىرىدىن مىننەتدارلىق چىقىپ تۇراتتى. ئەسلىدە ياڭاقنى سېتىۋالغاندىن كېيىن، پىششىقلاشقا ئۈلگۈرەلمىگەچكە، ھەر يىلى 4 ـ ئاي كىرىشى بىلەنلا ئۇنىڭ بېشى قاتاتتى، ھاۋا ئىسسىپ، تېمپېراتۇرا ئۆرلىگەندىن كېيىن، نۇرغۇن ياڭاق سېسىپ كېتەتتى. «ھازىر سوغۇق ساقلاش ئىسكىلاتى بار، بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە ھېچنېمىدىن غەم قىلمايمەن» دېدى ئابلەت.

**تېخىمۇ كۆپ ياڭاق يېڭى مەھسۇلاتلىرىنى تەتقىق قىلىپ چىقىش**

ئىلگىرى ياڭاق سېتىۋېلىپ، ياڭاق ساتىدىغان ئابلەت، تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، ياڭاقنى ئوبدان تەتقىق قىلىپ، ياڭاق سودىسىنى چوڭايتماقچى بولدى.

ئابلەت مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى بىلمەيتتىم، قانۇننى بىلمەيتتىم، باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىشقا ئىشەنچىم يوق ئىدى، جۈرئەت قىلالمايتتىم.» ھازىر ئۇ ئىلگىرىكى تەپەككۇر رامكىسىدىن ھالقىپ چىقىپ، خوتەن ناھىيەسىنىڭ ياڭاق بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىشنى پىلانلاۋېتىپتۇ.

خوتەن ناھىيەسىدە ھەممە ئائىلە دېگۈدەك ياڭاق ئۆستۈرىدۇ، مەھسۇلات مىقدارى ناھايىتى يۇقىرى، لېكىن سېتىلىدىغان باھا كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس. ئابلەت ياڭاقنى ئىنچىكە پىششىقلاشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، ياڭاق بايلىقى ئەۋزەللىكىنى ھەقىقىي تۈردە ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرماقچى بولدى. تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئابلەت ئاكىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ ياڭاق پىششىقلاش شىركىتى قۇردى. شىركەتنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى توغرىسىدا، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرى بار ئىدى، كېيىنكى قەدەمدە ئۇ ئىنچىكە پىششىقلاش ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزۈپ، پەن ـ تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ، ياڭاق مېغىزى يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىپ، ئۆز ماركىسىنى ياراتماقچى.

ئابلەت مۇنداق دېدى: «شىركىتىمىزنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكى بار، كەمچىل بولىۋاتقىنى تېخنىكا.» ئۇ ئاۋۋال ھەمكارلىق ھەمراھى تېپىپ، ھەمكارلىشىپ ئۆزىگە خاس مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىپ ئىچىشنى ئويلاۋېتىپتۇ.

ئابلەت مۇنداق دېدى: «تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى مېنىڭ نەزەر دائىرەمنى كېڭەيتتى، مېنىڭ مەسىلىلەرگە بولغان تەپەككۇر ئۇسۇلۇمنى ئۆزگەرتتى.» ئوقۇتقۇچىلار ئۇلارغا كارخانا تېخنىكىغا تايانغاندىلا تېخىمۇ ئۇزاق تەرەققىياتقا ئېرىشەلەيدۇ، دېگەنىدى. ئۇ پاي قوشۇپ پايدا تەقسىملەش ئۇسۇلى بويىچە «قابىللار»نى كىرگۈزۈپ، بىرلىكتە شىركەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تەدبىر تۈزمەكچى بولۇۋېتىپتۇ. بۇلا ئەمەس، كىشىلەرنى ئېلىپ قېلىشمۇ ناھايىتى مۇھىم. چاغان مەزگىلىدە، ئابلەت ئالايىتەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ چاغىنىنى مۇبارەكلىدى، ھەربىر ئىشچى ـ خىزمەتچى ئۈچۈن كۆڭۈل قويۇپ يېڭى يىللىق سوۋغات تەييارلىدى. «بۇ، شىركەتنىڭ پاراۋانلىقى، لېكىن تېخىمۇ مۇھىمى ئىلھاملاندۇرۇش، يېڭى بىر يىلدا كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق تىرىشىپ، شىركەتنى تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن».

---

نوپۇزلۇق چۈشەندۈرۈش

ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى:

# پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ماددىي ئەشيا يېتەرلىك، مال باھاسى تەكشى ـ مۇقىم، كاپالەتلەندۈرۈش جايىدا بولدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى ياڭ

ھازىر، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش پۇختا ئالغا سىلجىتىلىپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلماقتا. كۆمۈر، توك، ماي، تەبىئىي گاز قاتارلىق ئېنېرگىيە تەمىناتىدا «ئىشەنچىمىز يېتەرلىك»مۇ؟ «ئاشلىق»، «كۆك ـ تاق» تەمىنات ئەھۋالى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ ئاممىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالىدىمۇ؟ بازارنى نازارەت قىلىش كۈچلۈك بولدىمۇ؟ بازار تەرتىپىدە ياخشى ھالەت ساقلاندىمۇ؟ مۇخبىر مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر جاۋ شىفېڭ بىلەن تېلېفونلاشتى.

جاۋ شىفېڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئاچقۇچلۇق پەيتىدە، ئاپتونوم رايون بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتتى، تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات، سودا ئىشلىرى، بازار نازارەتچىلىكى، ئاشلىق، خەلق بانكىسى، قاتناش قاتارلىق كۆپ تارماق ماسلىشىپ ھەمكارلىشىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش ئومۇمىي تەلىپىگە ئاساسەن، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە ماددىي ئەشيا كاپالىتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى. ھازىر پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ماددىي ئەشيا يېتەرلىك، باھا تەكشى ـ مۇقىم، كاپالەتلەندۈرۈش جايىدا بولۇۋاتىدۇ.

كۆكتات، ئاشلىق، ياغ قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن تەمىنلەشكە ياخشى كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى باشلامچى بولۇپ مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، شەندۇڭ، گۇاڭدۇڭ، يۈننەن، سىچۈەن قاتارلىق نۇقتىلىق كۆكتات بىلەن تەمىنلەيدىغان ئۆلكىلەرگە ئالاقىلىشىشكە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى، ھۆكۈمەت ۋاستىچى بولۇش، باشلامچى كارخانا كونكرېت يولغا قويۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق، كۆكتات مەنبەسى يەنىمۇ كېڭەيتىلدى. ھازىر، شىنجاڭ جيۇدىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى توپ سېتىش بازىرى قاتارلىق 1 ـ دەرىجىلىك توپ سېتىش بازارلىرىدا، ھەر كۈنى كۆكتات بىلەن تەمىنلەش مىقدارى ۋە سودا مىقدارى 3500 توننىدىن ئارتۇق بولۇۋاتىدۇ، كۆكتات تەمىناتى ناھايىتى يېتەرلىك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايون ئاشلىق، ياغ بازىرى تەمىناتىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، ئاشلىق مەنبەسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاشلىق، ياغ كارخانىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا ماسلاشتۇردى، تەشكىللىدى.

كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى كاپالىتى جەھەتتە، ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى باشلامچى بولۇپ مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، بازار ھەرىكىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە باھانى كۆزىتىش ـ تەكشۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بازار ئۆزگىرىشىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، زاپاس ساقلانغان تاۋارلارنى بازارغا سېلىش سالمىقىنى زورايتىپ، ئالدى بىلەن مەھەللىلەردىكى تەكسى باھالىق دۇكانلارنى تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىپ، چوڭ، ئوتتۇرا سودا سارايى تاللا بازارلىرىنىڭ ۋاقتىدا مال سېلىشى، مال تولۇقلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، مال يېتىشمەسلىك، مال جازىسى قۇرۇپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلۈشتىن ساقلاندى. ئاپتونوم رايونىمىزدا كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ تەمىناتى بىرقەدەر يېتەرلىك بولۇۋاتىدۇ.

ھازىر، نۇرغۇن ئامما يەنە «سىرتقا چىقماي» ئۆيىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئاممىنى زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن تەمىنلەشكە، سېتىۋالىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار تەلەپ بويىچە، ئالاقىلىشىشنى ھۆددىگە ئېلىش، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، بىرتۇتاش يەتكۈزۈش، سېتىشقا تەشكىللەش، مەھەللە كادىرلىرى، پىدائىيلار ئىشنى ھۆددىگە ئېلىش، ئائىلىلەرنى ھۆددىگە ئېلىش، ۋاكالىتەن سېتىۋېلىش قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، كۆكتات قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى يەتكۈزۈشتىكى «ئەڭ ئاخىرقى 100 مېتىر»نى راۋانلاشتۇردى.

ئاپتونوم رايون يەنە كۆمۈر، توك، ماي، تەبىئىي گاز قاتارلىق ئېنېرگىيە مەھسۇلاتلىرى تەمىناتىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن كاپالەتلىك قىلدى. ھازىر، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 48 نۇقتىلىق كۆمۈركان نورمال ئىشلەپچىقىرىش ھالىتىنى ساقلاۋاتىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى قويۇپ بېرىش نىسبىتى 90%تىن ئاشتى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى غول ئېلېكتر مەنبەلىرىنىڭ توك چىقىرىشقا ئىشلىتىدىغان كۆمۈر زاپاس مىقدارى 3 مىليون توننىدىن ئارتۇق بولۇپ، توك چىقىرىشقا ئىشلىتىدىغان كۆمۈر تەمىناتى يېتەرلىك. ماي، گاز ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى پىلان بويىچە ئىشلەپچىقىرىپ، تەبىئىي گاز، سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز، پار بېرىش، سۇ بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسىنىڭ نورمال ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى رايونلار ئارا تەڭپۇڭلۇقنى تەڭشەشنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئېنېرگىيە قاتارلىق مۇھىم ئامىللار بىلەن تەكشى ـ مۇقىم تەمىنلىنىشىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن كاپالەتلىك قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز كۆپ خىل تەدبىر قوللىنىپ، بازارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى باشلامچى بولۇپ ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ۋە تېببىي دورا باھاسىغا قارىتا ئاشكارا، يوشۇرۇن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، باھانى 24 سائەت كۆزىتىش تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بازار تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇپ ۋە قوغداپ، تاۋارلارنى بېسىپ قويۇپ ھايانكەشلىك قىلىش، ساختا، ناچار مال سېتىش، مال باھاسىنى ئۆستۈرۈۋېلىش، ساختا، يالغان خەۋەر تارقىتىش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بەردى. ھازىرقى باھانىڭ يۈرۈشۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باھا سەۋىيەسى(CPI) نورمال سەۋىيەدە بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن تەكشى، مۇقىملىقنى ساقلاۋېتىپتۇ.

نۇقتىلىق كارخانىلار، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىشنى قوللاش، كارخانىلارنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى باشلامچى بولۇپ ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە سىياسەت جەھەتتىن قوللاش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى. يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتتە ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق كۆرۈلۈپ، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتكە كېرەكلىك توك، سۇ، گاز خىراجىتىنى تولۇق تاپشۇرۇشقا قۇربى يەتمىگەن ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارغا قارىتا، «قەرز بولۇپ قالسىمۇ تەمىنلەشنى توختاتماسلىق»نى يولغا قويدى؛ ۋاقىتلىق توك ئىشلىتىش ئېتىبار سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئالاقىدار تەلەپ بويىچە، دۆلەت بېكىتكەن ئېنېرگىيە سەرپىياتى يۇقىرى ساھەلەردىن باشقا، ئادەتتىكى سودا خېرىدارلىرىنىڭ توك ئىشلىتىش باھاسىنى 5% تۆۋەنلەتتى؛ ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ باج ھەققىنى كېمەيتتى، كەچۈرۈم قىلدى، بىر قىسىم كارخانىلارنىڭ كارخانا تاپاۋەت بېجى، قوشۇلما قىممەت بېجىنى كېمەيتتى، كەچۈرۈم قىلدى؛ دۆلەتنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى نۇقتىلىق كاپالەتلەندۈرىدىغان كارخانىلار تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز پۇلى ۋە ياردەم ئۆسۈم سىياسىتى قاتارلىقلارنى پائال قولغا كەلتۈردى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)